1987
ژىل
يانۋار
№2 (244)
باھاسى
2 تيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976- ژىلى دېكابىردىن چىقىۋاتىدۇ.

ئالەمگە- تىنچلىق

ئاسمىنىمىز ئوچۇق بولسۇن

بارلىق ئاتا- ئانىلارنىڭ ئەڭ ئالىي تىلىگى- بالىلار بەختى. ئۇلارنىڭ چېھرىسىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن يەر يۈزىدە مۇستەھكەم تىنچلىق بولۇشى، تىنچلىق تۇغىنىڭ قورغىنى بولۇشى كېرەك. ئۇلۇق ئوكتەبر، ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى جەسۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرى بۈگۈنكى ئەۋلاتقا ھېمىشەم ئۈلگە بولىدۇ.

بىز ئۆمرىمىزدە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى كۆرگەن، ئۇرۇش ژىللىرىنىڭ ئازاپلىرىنى، ئېغىر- چىلىقلىرىنى تارتقان ئادەملەر، شۇڭلاشقا قارىماستىن ئۇزاق ژىللار ماباينىدا ئەمگەك قىلىپ، بالا تەربىيەلەپ كەلدۇق. ئۇلار ئوسۇپ، ھەقىقىي ئىنسان ئاتالسا، ھالال ئەمگەك قىلىپ، ئابروي قازانسا دەپ ئارمان قىلدۇق. مىڭ شۈكرى، زامانىمىز ياخشى، باياشايەت زامان. موشۇ تىنچلىق مەڭگۈ ياشىسۇن!

ئائىلە- كىچىك دولەت، دەيمىز. بىزنىڭ ئائىلىمىزۇ ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بەختلىكمىز. يولدىشىم مۇزات ئىككىمىز كۆپ ژىللار جەريانىدا مال باقتۇق، ھازىر قېرىلىق گەشتىنى سۈرۈۋاتىمىز. ئون پەرزەنتىمىز ھايات يولىغا قەدەم قويدى. چوڭ بالىمىز ۋېكتور ئىشلەپ چىقىرىشتا ئۇستا بولۇپ ئىشلەيدۇ. يېقىندا پەرزەنتلىك بولدى. ئوتكەن ژىلنىڭ بىزنىڭ ئەۋلات ئۈچۈن ئەستە قالارلىق خوشاللىقلىرىنىڭ بىرسى موشۇ بولدى. بالدىرغان، جۇلدىز، سەمىت ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىنى تاماملاپ، ھازىر خەلق ئېگىلىگىنىڭ تۈرلۈك ساھالىرىدا جاۋاپكەرلىك خىزمەتلەردە ئىشلەۋاتىدۇ. كوپتۇر- ئاۋتوبۇس ھايدىغۇچى، ئالتۇنگۈل بىلەن نۇرنىگۈل- ستۇدېنت، ئىككى كىچىك پەرزەنتلىرىمىز- ژۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى. پارتىيەمىز بىلەن ھوكۇمىتىمىز بىزنىڭ ياخشى ياشاپ، بالىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ھەممە شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. بىزنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن تىنچلىق كېرەك، ئاسمىنىمىزنىڭ ھېمىشەم ئوچۇق بولۇشى كېرەك.

ئو. شالقاربايېۋا،
«قەھرىمان ئانا».
يېرالىيېۋ رايونى،
ماڭغىشلاق ئوبلاسى.

بۇ كۈنلەردە ئېلىمىز مەكتەپلىرىدە ئوقۇش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئىسلاھات ئوڭۇشلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا. بولۇپمۇ بالىلارنى 6 يېشىدا مەكتەپ قوينىغا قوبۇل قىلىش ياخشى يولغا قويۇلدى. يەنە ئۇنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرى بۇ ئىسلاھاتنىڭ قولايلىق ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىماقتا.

سۈرەتتە: نىكولسك شەھىرىدىكى 27- مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇزىكا دەرسى ئۈستىدە. مۇزىكىدىن مول خەۋەردار مۇتەخەسسىس مۇئەللىم راۋشان بايزاقوۋا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يېقىن غەمخورچىسى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا مۇزىكىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىتىدۇ.

يېڭى ژىلدا يېڭى ئىشلار كۈتمەكتە

بېيىل مېنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىمىنىڭ ئالدىدا چوڭ ۋەزىپىلەر تۇرماقتا. مەكتەپلەرگە، ئالىي ۋە مەخسۇس بىلىم يۇرتلىرىغا بېغىشلاپ دەرسلىكلەر يېزىش ھەر خىل لۇغەتلەر تۈزۈش، تىلنىڭ تۈرلۈك- تۈرلۈك ساھالىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئايرىم مونوگرافىيەلىك ئەمگەكلەرنى يېزىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ دەۋىر روھىغا مۇۋاپىق داۋامىنى تېپىشى سوزسىز. بېيىل ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى ئارقىلىق خەلق تىلىنىڭ بايلىغىنى ژىغىپ، ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشنى مەخسەت قىلغان، ئۇزەم باشقۇرۇۋاتقان دىالېكتولوگىيە بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈچ توملۇق دىالېكتولوگىيە لۇغىتىنىڭ بىرىنچى تومىنى تاماملاشنى مولجالاۋاتىمىز. موڭغۇلىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن موڭغۇلىيەدىكى بايان ئولگىي قازاقلىرىنىڭ لۇغەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان بىر توملۇق لۇغەت تۈزۈش ئىشىمۇ ئالدىمىزدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. بېيىل شۇنداقلا، جامائەتچىلىك ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتقان قازاقچە- رۇسچە لۇغەتنى تۈزۈشكە، 1987- ژىلدىن باشلاپ يېۋروپا دائىرىسىدە ياسىلىدىغان لىنگۋىستىكىلىق ئاتلاس خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلىمەن.

شورا ساربايېۋ،
قازاقستان س.س.ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى.

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يازغۇچىلار

سەكېن جۇنسوۋ

مورىس سىماشكو

ئەبىش كېكىلبايېۋ

ئورالخان بوكېيېۋ

يېڭى ژىل ھارپىسىدا قازاقستاننىڭ بىر تۈركۈم يازغۇچىلىرىغا 1986- ژىلقى قازاقستان س.س.ر دولەت مۇكاپاتلىرى بېرىلدى.

ئاباي نامىدىكى مۇكاپات «بىز تەرەپتە قىش ئۇزاق» پوۋېستلار توپلىمى ئۈچۈن ئورالخان بوكېيېۋقە؛ «نوكەر» يەنە «تاڭ سەھەر» رومانلىرى ئۈچۈن ئەبىش كېكىلبايېۋقا؛ ئى. ئېسېنبېرلىن ۋە غ. مۇسرېپوۋنىڭ رومانلىرىنى رۇس تىلىغا چېۋەرلىك بىلەن تەرجىمە قىلغانلىغى ئۈچۈن مورىس سىماشكوغا بېرىلدى.

ئورالخان بوكېيېۋنىڭ «بىز تەرەپتە قىش ئۇزاق» ناملىق توپلامىغا يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ژىللىرى يازغان ۋە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ كۆپلىگەن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئاللانما ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

يازغۇچى ئەبىش كېكىلبايېۋ كىتاپخانلارغا كەڭ تونۇلغان ئەدىپ. ئۇ «نوكەر»، «تاڭ سەھەر» رومانلىرىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئوتمۇش تارىخىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغان، يوقالغان سەھىپىلەرنى تولۇقلاپ، ئەكسىگە كەلتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان.

شۇنىڭدەك كۆلەش بايسېيىتوۋا نامىدىكى مۇكاپات قاراغاندا دراما تېئاترىدا «ئارا ئاي» سپېكتاكلىنى سەھنىلەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاۋتورى سەكېن جۇنسوۋقا؛ قازاقفىلىم كىنو ستۇدىيەسىدە تورت سېرىيەلىك «چوقان ۋەلىخانوۋ» كىنوفىلمىنى چۈشەرگۈچىلەرگە بېرىلدى.

مىللىي مۇناسىۋەتلەر كامالىتى

ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈزدىن ئوشۇق مىللەت ۋە خەلقلەر ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ رىۋاجلىنىش يوللىرى ھەر خىل. بۇنىڭدىن 70 ژىل بۇرۇن بۇ ئەلدە ئىلگىرىدىن قېلىپلاشقان مەدەنىيەت مەركەزلىرىمۇ، ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كەلگەن ئاسارەت ئىزنالىرىمۇ ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پادىشا ھوكۈمىتى مىللىي زىددىيەتلەرنى ئاتايىتەن ئوۋچ ئالدۇرۇپ، ئەلدە زوراۋانلىق سەيىسەتىنى ژۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچ قاچان ھەل قىلىنماي كەلگەن مىللىي مەسىلە سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدىلا ھەقىقىي رەۋىشتە ھەل قىلىندى.

بىزنىڭ كوپ مىللەتلىك ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر دەۋرى ئۇنىڭ ئالدىغا ئوز ۋەزىپىلىرىنى قويۇپ كەلدى. مەسىلەن، 1917ـ ژىلدىكى ئۇلۇق ئوكتەبر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى غەلىبىسىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىلا ئارقىدا قالغان قالاق مىللىي ئولكىلەرنى چاپسان تەرەققىي ئەتتۈرۈش ۋەزىپىسى قويۇلدى. ئۇنىڭغا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا ئوز ئىختىيارى بىلەن بىرلىشىش نەتجىسىدە ئېرىشىلدى. سانائەت بىلەن مەدەنىيىتى بۇرۇندىن رىۋاجلانغان مەركەزلەر ئارقىدا قالغان ئولكىلەرنىڭ تېز ئوسۈشىگە ياردەملەشتى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا بارلىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرى ئىختىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قېرىنداش خەلقلەرنىڭ شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، روھى ئىنتېرناتسىونالىستىك گۈللەنگەن مەدەنىيىتى شەكىللەندى.

بىراق بۇ مۇۋاپىقىيەتلەر جۇمھۇرىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىسادىي كورسەتكۈچلەر بويىچە خېلە پەرىقلەرنىڭ بارلىقىنى يوققا چىقارمىسا كېرەك. بۇ يەردە گەپ ئەمگەك ئونۇمدارلىقىنىڭ پەرىقلىرى ئۈستىدە بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن، كېيىنكى 15 ژىل ئىچىدە ئەزەربەيجان ۋە بېلوروسسىيەدە ئەمگەك ئونۇمدارلىقى تاجىكىستانغا قارىغاندا بىر يېرىم ھەسسە ئارتۇق بېرىلدى. مۇنداق پەرىق مۇتەخەسسىسلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەييارلاشتىكى، ئىگىلىكلەرنى باشقۇرۇشتىكى كامچىلىقلاردىن ۋە ئىلمىي ـ تېخنىكا مۇۋاپىقىيەتلىرىدىن ئىشلەپ چىقىرىشتا يېتەرلىك پايدىلانمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان.

سوۋېت ئىتتىپاقى يېرىنىڭ كوپ قىسمىنى، ئىگىلەپ ياتقان سىبىر ۋە ژىراق شەرىق يېقىلغۇ ـ ئېنېرگېتىكا ۋە خام ئەشيا مەنبەسى، ھازىر بۇ دىياردا خەلىق سانى ئوسمەكتە. بۇ يەرگە ھەممە جۇمھۇرىيەتلەردىن مىڭلىغان ئادەملەر كوچۈپ كېلىۋاتىدۇ. تۇرۇشلۇق ئويلەر، باللار، مەدەنىيەت، سپورت مەھكىمىلىرى كوپلەپ سېلىنىۋاتىدۇ. قاتتىق تەبىي شارائىتقا باغلىق ئەمگەككە ھەق تولەش ژۇقۇرى كوتىرىلدى.

جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ خەلىقلىرى كۈندىن كۈنگە كوپ مىللەتلىك بولۇپ بارماقتا. مۇشۇ ئەھۋالنىمۇ ئېتىۋارغا ئېلىش كېرەك. پۈتكۈل ئىتتىپاق ئاھالى سانىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا 1979ـ ژىلى ئۇكرائىنىدا ئۇكرائىن ئەمەس مىللەتلەرنىڭ سانى 26،4 پروتسېنت، ئوزبەكىستاندا ئوزبەك ئەمەس مىللەتلەرنىڭ سانى 31،3 پروتسېنت بولدى. قازاقىستان كوپ مىللەتلىك جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇ يەردە قازاق ئەمەس خەلقلەرنىڭ سانى 64 پروتسېنت بولدى. باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىمۇ خەلىق تەركىۋى كوپ مىللەتلىك بولۇپ بېرىۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، باشچىلىققا ئېلىنىۋاتقان ئادالەتلىك بارلىق مىللەتلەر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ھوقۇقلىرى بىلەن ئېھتىياجلىرىغا غەمخورلۇق قىلىشنى كوزلەيدۇ. ئوتكەندە بەزى جايلاردا ژۇتۋازلىق ئەھۋاللىرى ئورۇن ئالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېيىنكى ژىللىرى دولەت ۋە جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىدا تۈرلۈك مىللەت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تېگىشلىك ۋاكالەتلىكىگە ئالاھىدە كوڭۈل بولىنىدىغان بولدى.

بۇ جەھەتتىن كادىر سەياسىتىنى توغرى ژۈرگۈزۈشنىڭ رولى ئالاھىدە زور. كادىرلارنى خىزمەتكە بېكىتىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوستۇرۇشتە پۈتكۈل مەملىكەتلىك ئەڭ ئالىي ئولچەملەر ئېتىۋارغا ئېلىنىدۇ. رەھبىرىي خىزمەتلەرگە بارلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى بىردەك كوتىرىش، ئېلىمىزنىڭ جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن پايتەختلىرى، رايونلىرى بىلەن شەھەرلىرى ئارىسىدا بىلىملىك كادىرلار بىلەن تەجرىبىلىك خادىملارنى دائىم ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش زورۇرلىگىنى ھايات تەجرىبىسى كورسىتىپ بەردى. كادىرلارنىڭ، جۇملىدىن مىللىي كادىرلارنىڭ ئۇمۇمىي دەرىجىسىنى ئوستۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئەينە شۇنىڭدا. كادىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ئۇمۇمىي مىللەت، جەمئىيەت كامالىتىنىڭ كاپالىتى.

ھازىر سوۋېت ئېلىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان ئوزگەرتىپ قۇرۇش ۋە چاپسانلىتىش ۋەزىپىلىرى ئەينە شۇنىڭغا دەۋەت قىلىدۇ.

باتان ئىبرايىۋ گۇرىيېۋ ئوبلۇستىكى ھورمەتلىك ئادەملەرنىڭ بىرى. ئۇ كوپتىن بېرى سوۋخوزدا قوي باقىدۇ. ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئىشچان، مول تەجرىبىلىك باتان چارۋىچىلىققا يېڭىدىن ئارىلىشىپ ژۈرگەن ياشلارغا ھەر دائىم ياخشى مەسلىھەت بېرىپ، ئۇلارنى بىلمىگەنلىرىنى سەممىيەتلىك بىلەن ئۈگىتىدۇ. ب. ئىبرايىۋ قوي بېقىشتىكى مۇۋاپىقىيەتلىرى ئۈچۈن مەيدىسىگە قوش ئوردېن تاقىغان ئەمگەك مەردانىسىدۇر.

سۈرەتتە: باتان ئىبرايىۋ.

نىك. ژدانوۋ

ۋ. ئى. لېنىن ھەققىدە ھېكايىلەر

كىچىككىنە ۋاقىئە

ئوكتەبر كۈنلىرى ئىدى. سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش يولىدىكى كۈرەش قىزىغان بىر پەيتتە سمولنىيدا ئانچە ئەھمىيىتى يوق، كىچىككىنە ئىش يۈز بەردى. ئۇ ئەشۇ زاماندا بولغان ئىنتايىن چوڭ ۋاقىئەلەرنىڭ ئارىسىدا يوقۇلۇپ، ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭغا قارىماستىن ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى چوڭ ئىشلارمۇ، كىچىك ئىشلارمۇ ئۇنىڭ بەلگۈسى سۈپىتىدە ئوچمەس ئىز قالدۇرىدۇ.

بۇ ۋاقىئە مانا مۇنداق بولغان ئىدى.

ئىنقىلاپتىن كېيىنكى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى ئارۋا زاستاۋىسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن سمولنىيغا بىر ئىشچى كەلدى. قولىدا داتلىشىپ كەتكەن توڭى بار، تۇرقىغا قارىغاندا كىرىستىن قۇتىسىغا ئوخشايدۇ. راستىنىلا شۇنداق ئىكەن، ساقچىلار دەرۋازا ئالدىدا توختاتقاندىلا، ئوزىنى سېرگېيېۋ دەپ تونۇشتۇرغان ھېلىقى ئىشچى ساقچىلارغا:

— بىزنىڭ پۈتىلوۋ ئىشچىلىرىنىڭ ياتاقخانىسىدا چىراق يانمايۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولدى. ئورۇشساقمۇ، تالاشساقمۇ كىرىستىن تاپالمىدۇق. شۇڭلاشقا ئوزىمىزنىڭ خەلىق ھاكىمىيىتىمىز دەۋرى باشلانغاچقا، يولداشلىرىم مېنى مەشەگە ـ سمولنىيغا، لېنىننىڭ يېنىغا مونۇ توڭۇمغا كىرىستىن قۇيۇپ بېرىشكە يارلىق بەرسۇن، دەپ ئەۋەتتى،ـ دەپ مۇراجەت قىلىپتۇ.

ئۇنىڭغا ساقچىلار:

— ھوي، ئېسىڭ جايىدىمۇ؟ سەنسىزمۇ لېنىننىڭ غېمى يېتىپ ـ ئاشىدۇ، ئۇ ھازىر دۇنيا ئىنقىلاۋى مەسىلىلىرىنى، ئالەمشۇمۇل زور ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈستىدە باش ئاغرىتىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ، توڭۇڭنى كوتىرىپ ژۈرىسەن.

ھەر ھالدا ھېلىقى ئىشچى قەيسەر ئادەم ئىكەن.

— ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھەممىسى شۇنداق، قىممەتلىك دوستلار،ـ دەپتۇ ئۇ.ـ بىراق نېمە ئىش بولۇپ قالغىنىغا قاراڭلار: بىز قىشلىق سارايغا ھوجۇم ياسىدۇق، مەن بولسام بۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتماقچىمەن. ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. نېمە دېسەڭلار، دەڭلار، بىراق بۇ يەردىن كىرىسىنسىز كېتەلمەيمەن. دېگىنىمگە يەتمەي قويمايمەن.

— بوپتۇ، دېگىنىڭىزگە يېتىڭ، بىز سىزگە دەخلى بەرمەيمىز،ـ دەپتۇ ساقچىلار.

شۇنداق قىلىپ، ئىشچى ئالغا مېڭىۋېرىپتۇ. كوپچىلىكتىن سورايدىغىنى دەل لېنىننىڭ ئوزى ئىكەن. ئۇنىڭغا كوپچىلىك:

— ئالتىنچى بولمىگە بار. لېنىن شۇ يەردە،ـ دەپ جاۋاپ بېرىدىكەن.

سېرگېيېۋ بولمىگە كىرىپ قارىسا: بولمىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق ئىكەن. ئۈستەلنىڭ تورىدىمۇ، چورىسىدىمۇ، بوسۇغىدىمۇ توپ ـ توپ كىشى.

ھەقىقەتەنمۇ (سېرگېيېۋ بۇنى ئوز قۇلۇغى بىلەن ئاڭلىدى) بۇ يەردە دۇنياۋىي مەسىلىلەر: گېرمانىيە توغرىلىق، ۋىلگېلىم ۋە گىندېنبۇرگ ھەققىدە، كېلەچەكتىكى ئىنقىلاپ توغرىسىدا سوز بولىۋاتاتتى.

ئۇ خىجالەت بولۇپ، ئارقىسىغا قايرىلىپلا چىقىپ كەتكۈسى كەلگەندى، دەل شۇ پەيتتە بىرسى ئۇنىڭغا قايرىلىپ:

— يولداش، سىز ئېمىشكە توڭ كوتىرىپ ژۈرۈسىز،ـ دەپ سوراپ قالدى.

سېرگېيېۋ بىر ئاز مەڭدەپ قالغان بولسىمۇ:

—ماڭا ھېچ بولمىغاندا بىر مىنۇتقا يولداش لېنىن كېرەك ئىدى،ـ دېدى.

شۇ چاغدا ئوزىمۇ كورۇپ قالدى: ئەينە لېنىن ئولتۇرىدۇ. ئۇمۇ ئىشچىغا قاراپ قاپتۇ.

— سىزگە نېمە كېرەك ئىدى، يولداش؟

— مۇنداق بىر ئەھۋال،ـ دەيدۇ سېرگېيېۋ.ـ مېنى سىزگە، ئوزىمىزنىڭ ئىشچى مەملىكىتىنىڭ رەھبىرىگە كىرىستىن يۈزىسىدىن ئەۋەتتى، سەۋەۋى بىز ئارۋا زاستاۋىسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ياتاقخانىدا، قارىغۇ چاشقانغا ئوخشاش، قاراڭغۇدا ياشاۋاتىمىز.

لېنىن بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى ـ دە ئۈستەل تورىدىكى، يېنىدا ئولتۇرغان كىشىدىن:

— بۇ يەردە، سمولنىيدا كىرىستىن بارمۇ؟ تېپىشقا بولامدۇ؟ـ دەپ سورىدى.

دەل شۇ پەيتتە بۇدرە چاچلىق كىشى ئورنىدىن تۇرىدۇ، قولىنى سىلكىيدۇ:

— رۇخسەت قىلىڭ، ۋلادىمىر ئىلىچ، ـ دەيدۇ ئۇ.ـ بىزنى بۇ يەردە تارىخنىڭ تورىگە چىقىرىپ، پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن مۇشۇنداق جاۋاپكەرلىك، ھەل قىلغۇچى پەيت تۇغۇلغاندا كىرىستىن قۇيغان توڭ مەسىلىسى بىلەن شۇغۇللانسۇن دېگەنمۇ بارمۇ،ـ دەيدۇ.

سېرگېيېۋ ھودۇقۇپ قالغان ئىدى، بىراق ئۇ كورۇپ تۇرۇدىكى، لېنىن ھېلىقى قىزىپ سوزلىگەننىڭ گەپلىرىگە ئېرەڭ قىلماي بلوكنوتىغا بىر نېمىنى يېزىپ، بىر ۋارىقىنى يىرتىۋېلىپ:

— مانا، يولداش، مونۇ خەتنى ئېلىڭ-دە، كارىدوردىن پېتروۋنى تېپىڭ، كىرىستىن بېرىلىدۇ،ـ دېدى.

ئىشچى سېرگېيېۋ بىكاردىن بىكار ئۇمۇتلەنمىگەنلىگىنى ئېيتىپ، ئوز نامىدىن ۋە يولداشلىرى نامىدىن چىن كوڭلىدىن تەشەككۈر ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ۋاقتىنىڭ يار بەرمەسلىگىنى بايقاپ قالدى. تارتىنىپ، بېشىنى تېز ـ تېز سىلكىپ، چىقىپ كەتتى.

ھەممە جىم ـ جىت بولۇپ قالغاندا لېنىننىڭ كىمگىدۇ، ئەسلىدە ھېلىقى بۇدرە چاچلىققا يەنە نېمىلەرنىدۇ دەۋاتقانلىقىنى ئىشىك تۈۋىدە چالا ـ پۇلا ئاڭلاپ قالدى.

— ھە، بىزنى بۇ يەرگە مۇنۇنىڭدەك كىرىستىن كاملىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئېسىڭلاردا بولسۇن، ھەقىقەتەن، ئەڭ ئاساسلىقى بىزنى بۇ يەرگە ئەمگەكچى ئادەمنىڭ بىردىن بىر ئۇمۇتى، خاھىشى، ئەڭ كىچىك ئۇمۇتى بىزنىڭ قوللىشىمىزغا ئېگە بولماي قالمىسۇن، ئەڭ كىچىك، ئەرزىمەس غەمخورلۇق قىلىشنىڭ ئوزى ئەزىرىمىزدىن تاشقىرىدا قالمىسۇن،ـ دەپ قويغان.

سېرگېيېۋ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، توڭنى كوتىرىپ كارىدوردا كېلىۋېتىپ: «ئوھۇ، ئەسلىدە بۇ يەردىكى ئىش مېنىڭ كىرىسىنىمدىن خېلىلا ئەھمىيەتلىك بولۇپ چىقتىغۇ» دەپ ئويلىدى.

سېرگېيېۋ كىرىسىننى شۇ كۈنىلا ئالدى. يولداشلىرىنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول قايتمىدى. شۇنداق قىلىپ ئەينە شۇنداق ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقىنىغا دەرۋازا ئالدىدىكى ساقچىلاردىن باشلاپ كوپچىلىكنىڭ ھەممىسى خۇشال بولغان ئىدى.

سەنئىتىمىز پەخرى

ئۆچېرك

ئاۋتوبۇس غۇلجا يولىدا ئۇچقاندەك چاپسان كېلىۋاتىدۇ. كۆزلىگەن مەنزىل ئالمۇتا شەھىرىدىن ژىراق بولمىغان قورام يېزىسى. مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرغان چاچلىرى، رەڭگى-روييدىن، پۈتۈن تۇرقىدىن دېخان ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرغان خوشنام ئوقۇۋاتقان گېزىتىنى قاتلاپ قويدى-دە ماڭا دىققەت بىلەن قاراپ، ئاندىن:

— سىز ئەخمەت ئاكىنى بىلەمسىز، سوپىيېۋنى دەۋاتىمەن، — دېدى.

— ھوي، سىز نېمە دەۋاتىسىز، ئۇ كىشىنى كىم بىلمىسۇن.

— توغۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە، ھەممە بىلىدۇ. مۇنۇ گېزىتتىمۇ شۇنداق يېزىلغان. لېكىن سىلەر ئۇنىڭ قورامىلىق، مېنىڭ ژۇتدىشىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر-دە؟!! بۇ گەپنى خوشنام شۇ قەدەر مەغرۇر ھالدا مەمنۇنىيەت بىلەن ئېيتتى. شۇ تاپتا ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان يولۇچى گەپكە ئارىلاشتى، ئۇ:

— ھەي ئۇكا، سەن نەدىكى قورامىلىقنى دەۋاتىسەن، ئەخمەتجان بىزنىڭ ئەنجانلىق تۇرسا، — دېدى. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەن بىلەن بۇ ئادەمدە ئۆزبەك تەلەپپۇزى بېسىم ئىدى.

مەن ئويلىنىپ قالدىم... قازاقستان س س ر نىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىسى ئەخمەت ئاكا سوپىيېۋنى ھەر كىم ئۆزىگە ژۇتداش قىلىۋالغۇسى كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟! بۇنىڭ جاۋابىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇلاسىلاپ ئېيتىدىغان بولساق: ئارتىست ئۆزىنىڭ سەھنىدىكى ئەجايىپ ماھىرلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئىززەت ئالغان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇبالىغە ئەمەس.

ئاۋتوبۇس غاقىراپ كېتىۋاتىدۇ. ئەندى ئەخمەت ئاكا ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا كىرىشكەن يولۇچىلار ئۇنىڭ نامىغا سۆيۈنۈش بىلەن ئالىلىق گەپلەرنى قىلىشماقتا. مەن بولسام بۇ كۈنلەردە قازاقستان جامائەتچىلىكى تەۋەللۇدىنىڭ يەتمىش، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ 50 ژىللىقىنى تويلاۋاتقان پېشقەدەم سەنئەتكارىمىز ئەخمەت سوپىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ماھارىتى توغرىسىدىكى ئويلارغا بېرىلىپ كەتتىم.

... مانا سەھنىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوكتەبر ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنقى پاجىەلىك تەغدىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئانارخان» دراممىسى ئوينىلىۋاتىدۇ... رەھىمسىز سۇلتانباي ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇغى، توھمەتخورلۇغى، بايلىقى بىلەن بېسىم كۆرسىتىپ، سايىت گادايىنىڭ گۈزەل قىزى - ئانارخاننى زورلاپ ئېكاسىغا ئالماقچى بولىدۇ. بۇ مەخسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ بىر نەچچە ئادەملەردىن شۇ قاتاردا بەختىيادىن پايدىلانماقچى بولىدۇ. بەختىيا رولىدا - ئەخمەت سوپىيېۋ. بەختىيا سۇلتانبايغا تەرەپكە قارىسا بايلىق، سەلتانەت، داقادۇمباق، ئويۇن - تاماشا، ياغلىق تائاملار، ناز -تولا مەنپىيەت ۋە ئەڭ ئاخىرىسىدا ھوكۇمدارلىق... شۇنىڭدىن قورقىدۇ. سايىت تەرەپكە قارىسا ژىغا - زارە، ئون گۈلىدىن بىر گۈلى ئېچىلمىغان قىزنىڭ قېرى باينىڭ چاڭگىلىدا قۇربان بولۇشىدەك قانلىق پاجە... بۇنىڭغا قاراپ ئىچى ئاغرىيدۇ. دېمەك بەختىيا ئىككى ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان چارىسىز، بىچارە. كۆرەشكە ئوچۇق چىققان قارىمۇ - قارشى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئوبرىزىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئوتتۇرىدا قالغان بەختىيانى سەھنىگە ئوز لايىقىدا چىقىرىش، ئەلۋەتتە ئېغىر ۋە قىيىن. 40- ژىللىرى ئەنجان ئۇيغۇر تىياتىرىدا ئىشلەپ ژۈرگەندە ئەخمەت ئاكا ئەشۇ بەختىيانىڭ رولىنى مۇكەممەل ئىجرا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوزبەكستان س س ر ئالىي سوۋېتىنىڭ پەخرىي يارلىقى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئىدى. بۇ ئارتىستنىڭ ژۇقۇرى ماھارىتىنىڭ ئىسپاتى بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئەخمەت سوپىيېۋنى كلاسسىك ئەسەرىمىز «ئانارخان» دراممىسىدىكى بىر-بىرىگە كەسكىن ئوخشىمايدىغان، ھەر قايسىنىڭ ئوز ئالاھىدىلىكى بار سوپاخۇن، ئەلاباي، سايىت، بەختىيار، لوزۇڭلارنىڭ رولىدا ئوۋەتمۇ - نوۋەت كورۇپ كېلىۋاتىمىز. مۇنداق بىر دراممىدىكى بىر نەچچە رولدا ئويناش يەنە شۇ ئەشۇ ئارتىستنىڭ ماھىرلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

... مانا «ئارشىن- مال ئالان» مۇزىكىلىق كومېدىيەسىدىن ۋېلىي سەھنىگە چىقتى. ۋېلىي ساددا، لېكىن ئوز خىزجايىنغا سادىق، ھاياتتىكى ھەر قانداق ئىشنى كۈلۈپ قارشى ئالىدىغان خوش- خوي، ژۈرۈش- تۇرۇشى، ئۇسسۇل ئويناشلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىشلىرىمۇ ئوزىگە خاس، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر شەخس. شۇنداق مۇرەككەپ رولنى ئوينىغاندا ئەخمەت ئاكا پۈتۈن زالنى ئوزىگە بويسۇندۇرۇپ، دراممىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ ۋە كۈلكىگە، خوش كەيپىياتقا چومدۇرىدۇ.

ئەخمەت سوپىيېۋ ئوزىنىڭ ئەللىك ژىللىق ئىجادىي ھاياتىدا مىللىي ئەسەرلىرىمىزدىن باشلاپ، دۇنيا كلاسسىك ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك ئوزبەك، تاتار، قازاق، رۇس، ئەزەربەيجان ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىدە ئويناپ، ئوتلىغان ئولمەس ئوبرازلارنى ياراتتى.

پېشقەدەم ئارتىسىمىز ئەخمەت سوپىيېۋ ۋە ئۇ ياراتقان موشۇ باي روھانىي غەزىنىلىرىمىز ھەققىدە قىزغىن پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ بىز يولۇچىلار قورام يېزىسىغا كېلىپ قالغانلىغىمىزنى تۇيماي قاپتۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ كۈن بىزلەر ئۈچۈن سويۈملۈك ئارتىسىمىز ئەخمەت ئاكا سوپىيېۋ نامى بىلەن پەخىرلىنىش كۈنى بولدى.

ئا. ھوسەيىن.

ئۇستازغا ھورمەت

يېقىندا «ئېگىنسۇ» كولخوزىنىڭ كىلمۇبىدا چوقان ۋەلىخانوۋ نامىدىكى سەككىز ژىللىق مەكتەپنىڭ باشلانغۇچ سىنىپ مۇئەللىمى ئاققايىشا جۇماتايېۋانىڭ 50 ياشقا تولۇپ، ھورمەتلىك دەم ئېلىشقا چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنتەنىلىك كەچ ئوتكۈزۈلدى.

كەچكە ئۇنىڭ كۆپلىگەن شاگىرتلىرى قاتنىشىپ، تەبرىك سوزلىرىنى ئېيتتى. تەبرىكلىگۈچىلەر - كولخوزنىڭ ئىلغار ئەمگەكچىلىرى، چوپانلار ۋە مېخانىزاتورلار، رايون دائىرىسىدىكى خىزمەتچىلەر ئوز ئۇستازلىرىغا چىن ژۈرەكتىن ئالقىشلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق ئومۇر، بەخىت تىلىدى. موشۇ مۇئەللىمدىن ساۋادىنى چىقارغان، بۇگۈن ئالىي بىلىملىك مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ يېتىشكەن مەزكۇر كولخوز رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ق. ئالىپوۋ، مەكتەپ دىرېكتورىنىڭ ئورۇنباسارى ن. سۇلېيمېنوۋا، رايونلۇق «قىزىل تۇغ» گېزىتىنىڭ رېداكتورى ئا. جاقسىبايېۋ، رايونلۇق مائارىپ بولۇمىنىڭ خادىمى ر. جانكۇشكوۋا قاتارلىقلار ئىللىق سوزلىرىنى ئېيتتى.

كولخوز پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ق. ئۇرقاسىموۋ ئېگىلىك باشقارمىسى نامىدىن تەبرىكنامە بىلەن باھالىق سوغا تەغدىم قىلدى.

ئەر- ئايال مۇئەللىملەر قۇرمانقۇل قويلىشېۋ بىلەن ئاقqايىشا جۇماتايېۋالارمۇ شۇ مەكتەپتە 30 ژىلدىن بېرى ئۇستازلىق قىلىپ، كوپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى.

ب. تۇيېكوۋ.

ئۇرجار رايونى.

قەلب ئىزھارى

تەبرىكلەيمەن

«ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ خادىملىرى! سىلەرگە دۇنيايى سالاملىرىمنى يوللايمەن. ئەۋەتكەن كىتاپلىرىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ناھايىتى خوشال بولدۇم. «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىغىغا يېقىندا ئون ژىل توشىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىرات خادىملىرىنى تەبرىكلەيمەن ۋە ئىشلىرىڭىزغا مۇۋاپپەقىيەت تىلەيمەن.

چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلغۇچى بىزلەر، تۇنجا قېتىم «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنى ئالغاندا تۇققانلىرىمىزدىن خەت ئالغاندەك خوشاللىق ھىسسىياتىغا چومۇلۇپ، ئەندى ئانا تىلىمىزنىڭ ئۇنتۇلمايدىغانلىغىغا ئىشەنچە باغلاپ، قەلبىمىزگە نۇر قويۇلغاندەك بولغان ئىدى.

قەدىردان قىرغىز خەلقىنىڭ ئۇلۇق يازغۇچىسى چىڭگىز ئايتماتوۋ ئاكا مۇختار ئەۋېزوۋنىڭ «ئېغىر زامان» ناملىق كىتاۋىغا يازغان مۇقەددىمىسىدە: بۇ كىتاپنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، ئەگەر ئوكتەبر ئىنقىلاۋى بولمىسا ئۇ چاغدا كوچمەن قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ تەغدىرى قانداق بولىدىغانلىغىنى ۋاقىت ئوتكەندىن كېيىن ئويلاش قورقۇنۇچلۇق. ئېيتىشقا ئاغزىم بارمايدۇ-بىزنىڭ بولماسلىغىمىز چوقۇم ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئەندى مەڭگۈلۈك ھاياتنى خالىمايدىغان خەلقلەرنىڭ بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

پەقەت موشۇ ئۇچۇنلا، ئوكتەبر ئىنقىلاۋىنىڭ روسسىيەدە يۈز بېرىپ، جاھانگىرلىك مۇستەملىكىچىلىكنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق مېنىڭ خەلقىمنى يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىغى ئۇچۇنلا ئاخىرقى نەپەسىمگىچە ئىنقىلاپنى مەدھىيەلەپ ئوتۇشكە تەييارمەن ئەۋلادىمنىڭ ئەۋلادىغا: بەخىت - سائادەت قۇشقان كۇنلىرىمىزنىڭ ئوكتەبردىن باشلانغانلىغىنى ئۇنتۇماڭلار»، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرىمەن.

شۇنىڭغا ئوخشاش مەنمۇ دوست- بۇرادەرلىرىمگە، قېرىنداشلىرىمغا، چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلغۇچى ۋەتەنداشلىرىمغا ئانا تىلىمىزنىڭ ئۇنتۇلۇپ- يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىدىن قۇتۇلغانلىغىنى «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىغىدىن باشلاندى دەپ بىلىڭلار دەيمەن.

ھەممىڭلارغا سالام يوللاپ خەت يازغان:

نىياز قارتباي ئوغلى.

ئىران.

خىزمىتىڭلار ئۇتۇقلۇق بولسۇن

قەدىرلىك «ۋەتەن» جەمىيىتى خادىملىرى!

يېڭى ژىل مۇناسىۋىتى بىلەن سىلەرنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. خەلقىمىزنى بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۈرگەن ئۇلۇق سوۋېت ئېلى مەڭگۈ ياشىسۇن! چەت ئەللەردە ياشىساقمۇ بىزنىڭ ژۈرىكىمىز ئۇلۇق ۋەتىنىمىز بىلەن بىللە. سىلەردىن كەلگەن خەت ۋە گېزىتلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

سىلەرنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەملەر دەپ بىلىمەن. چۈنكى سىلەر ئوز ۋەتىنىڭلاردا خوشال- خورام، باياشايەت تۇرمۇش كەچۈرىۋاتىسىلەر. بىزدە ئۇنداق ئىمكانىيەتلەر يوق. ياشانغانسېرى ئاتا ماكان ھوسنى كوز ئالدىڭدىن كەتمەيدىكەن. ۋەتەن ئۈچۈن ئاتقۇرغان خىزمىتىڭلار ئۇتۇقلۇق بولسۇن!

تەبرىك خەت

ھورمەتلىك «ۋەتەن» جەمىيىتى خادىملىرى سىلەرنى ۋە پۈتكۈل ۋەتەنداشلارنى، ژۇتداشلارنى يېڭى ژىل بەيرىمى بىلەن تەبرىكلەيمەن ۋە بەختلىك ھايات تىلەيمەن.

ئاۋغانىستان ۋە سوۋېت دولەتلىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە خالىسانە مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ كۈچەيسۇن.

ئاۋغانىستاندا ئىستىقامەت قىلغۇچى قازاق جامائەتچىلىكى نامىدىن:

زاغىپا مەۋلېنوۋا.

ئاۋغانىستان.

«بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىگە

ھەر كۈنى دېگىدەك «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىگە دۇئا قىلىمەن. چەت ئەلدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ياشلار ئوزلىرىنىڭ قازاق ئىكەنلىگىنى موشۇ «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن چۈشەندى دېسەم مۇبالىغە بولماس. سىلەرگە رەخمەت. ئىشىڭلارغا مۇۋاپپەقىيەت تىلەيمەن.

ئاخمېت.

غەربىي گېرمانىيە.

ماڭغىشلاق ئوبلۇسىنىڭ مەركىزى شېۋچېنكو شەھىرىدە يېقىندىن سېلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئاغرىقخانىنىڭ بىر قىسمى پايدىلىنىشقا بېرىلدى.

زامانىۋىي تىببىي تېخنىكىلار بىلەن جابدۇقلانغان ئاغرىقخانىدا بىمارلارنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ داۋالاشقا، مۇرەككەپ ئوپېراتسىيەلەرنى ياساشقا قولايلىق شارائىتلار يارىتىلغان.

سۈرەتتە: مەزكۇر ئاغرىقخانىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى.

ئون ئالتىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

16-ئەسىر ئەدەبىياتى توغرىلىق سۆز بولغاندا، ئەدەبىي ماتېرىياللارنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى ئالاھىدە بايقىلىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ بۇ ھەقتە مەشھۇر ئالىملار چ. چ. ۋەلىخانوۋ بىلەن ۋ. ۋ. بارتولدلار مەزكۇر ئەسىرنىڭ ئەدەبىي مەھسۇلاتىنىڭ كاملىقىنى تەكىتلىشكەن.

كېيىنكى چارەك ئەسىر مابەينىدىكى ئىزدىنىشلەر، تېپىلمىلار ئەتىجىسىدە ژۇقارقى پىكىرگە بولغان كۆز قاراش ئۆزگەردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا تېپىلغان ئۇرغۇتۇلغان قول يازمىلار ئىچىدە 16-ئەسىرگە تەئەللۇق بەدىئىي ئەسەرلەر ئېنىقلاندى.

بولۇپمۇ ئاتمىشىنچى ژىلى تېپىلغان «تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» ناملىق يازمىدىكى قەدىرخان ياركەندىي ۋە ئامانىسالار توغرىلىق مەلۇماتلار شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي مۇھىتنىڭ موجۇتلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مانا بۇ مەلۇماتلار تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن ئاساسىي ئىزدىنىش نۇقتىسى بولدى.

16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بەرپا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي-سەياسىي ھاياتىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولدى. سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان، ئابدۇكېرىمخان ئوخشاش ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە ئەدەبىي ھايات جانلىنىپ، تەرەققىي ئېتىشكە باشلىدى. سەئىدخان بىلەن ئابدۇرەشىتخانلار ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ مۇخلىسلىرىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۆزلىرىمۇ تالانتلىق ئەدىپلەر ئىدى. شۇنىڭدەك بۇ ئەسىردە مىرزا ھەيدەر، رەشىدىي، قىدىرخان، ئامانىسا ئوخشاش ئەدىپلەرمۇ قەلەم تەۋرەتكەن. بۇ دەۋردىكى يازغۇچى-شائىرلار ئىككى تىلدا، يەنى ئۇيغۇر ۋە پارس تىللىرىدا ئىجات قىلاتتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە سەئىد (1490-1533) تەخەللۇسلۇق شائىر دەسلەپ سەئىدىيە (ياكى ياركەند خانلىقى) دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە مەلۇمدۇر. تاشقى سەياسەتتە ئاكتىۋ پائالىيەت كۆرسەتكەن سۇلتان سەئىدخان ئىبن سۇلتان ئەخمەدخان ئۆزىنىڭ دۆلىتىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىللە، ئەدەبىيات-سەنئەتنى رىۋاجلاندۇرۇشقىمۇ خېلە كۆڭۈل بۆلدى. ئەتىجىدە پايتەخت ياركەندكە ۋە ئۇنىڭ سارىيىغا ئۇرغۇتۇلغان شائىرلار، ئالىملار ۋە مۇزىكانتلار ژىغىلدى. ئەدىپنىڭ شېئىرىي دىۋانى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. ئۇنىڭ بەزى غەزەل ۋە رۇبائىيلىرى ئايرىم تارىخىي ئەدەبىي مەنبەلەردە ئۇچرايدۇ. ئەدىپنىڭ غەزەللىرى 18-ئەسىردە پۈتۈلگەن «تارىخىي قەشقەر» قول يازمىسىدا بار.

سەئىدخان ۋاپاتىدىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق تەختىگە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇرەشىتخان چىقتى. بۇ ھۆكۈمران ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا رەشىدىي تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان شائىردۇر. رەشىدىي ئۆز غەزەللىرىنى ئىككى تىلدا يازغان. ئۇنىڭمۇ شېئىرىي دىۋانى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن. بۇ خان ۋە ئەدىپ ھەققىدە مەلۇماتلارنى «تارىخى رەشىدىي»، ماھمۇت چوراسنىڭ «تارىخ»، «تارىخىي قەشقەر» ناملىق كىتابلىرىدىن تېپىشقا بولىدۇ. شائىر رەشىدىي ھەر تەرەپلىمە بىلىملىك كىشى بولغان. ئۇ مۇزىكا سەنئىتى ساھاسىدىمۇ مەشھۇر بولۇپ، مەنبەلەردە مۇقام ئىجات قىلغانلىقى توغرىلىق خەۋەرلىنىدۇ.

بولۇپمۇ 16-ئەسىرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق تارىخىي ئەسەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئېگىدۇر. مەزكۇر تارىخىي ئەمگەكنىڭ ئاۋتورى مىرزا ھەيدەر (1500-1551) كىتاۋىنى كەشمىردە يازغان بولسىمۇ، ئەسلى ئۇ، قەشقەرىيە تەۋەسىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئەجداتلىرى ئاتالىق ئەمىرلەر بولۇپ، مەملىكەتنىڭ قەشقەرىيە قىسمىنى ئىدارە قىلىشتا پائال قاتناشقان. ئۆزى بولسا سەئىدخاننىڭ سارىيىدا 20 ژىل داۋامىدا چوڭ مەنسەپكە ئېگە بولغان.

«تارىخىي رەشىدىينىڭ» بىرىنچى قىسمى موغۇلستان ۋە قەشقەرىيە تارىخىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئاساسەن تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. كىتابتىكى تارىخىي ماتېرىيال 14-ئەسىردىن باشلىنىپ، 16-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى بىلەن تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى قىسمى مېمۇئار خاراكتېرىغا ئېگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەدەبىي ھاياتمۇ ئەكس ئېتىلگەن. بۇ كىتاپ 18-19-ئەسىرلەردە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىي، مۇھەممەت نىيازلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ دەۋردە شائىر مەۋلانە خۇلقىي، مۇقامچى مەۋلانە يۈسۈپ قەشقەرىي، ئامانىسا ئوخشاش ئەدىپلەرمۇ شۇ ئەدەبىي مۇھىتنىڭ كۆرنەكلىك ۋەكىللىرى ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرى تېخى تېپىلمىدى. بۇلار ئىچىدە ئامانىسا (1525-1557) توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات 19-ئەسىر مەنبەسى «تاۋارىخى مۇسىقىيۇندا» بېرىلگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرەسى ۋە مۇقامچىسى بولغان. ئەدىپنىڭ «ئەخلاق جەمىلە»، «شۇرۇھۇل قۇلۇب» ناملىق ئەخلاق-ئېتىكا ۋە ئېستېتىكىغا دائىر كىتابلىرىدىن تاشقىرى «دىۋان نەفىس» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. نەفىس تەخەللۇسى بىلەن تونۇلغان شائىرە «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق مۇقامنى ئىجات قىلغان.

16-ئەسىر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا سالماقلىق ھەسسە قوشقان شائىرلارنىڭ بىرى قىدىرخان ياركەندىدۇر. ئۇ خەلق ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە تونۇلۇپ، شېئىرلىرى ئاما ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن. 1985-ژىلى ياركەندتە شائىر دىۋانىنىڭ بىر پارچىسى تېپىلغانلىقتىن، ئۇ ھەقتە خېلە مەلۇماتقا ئېگە بولدۇق.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، 16-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەتنىڭ ھەممە ژانىرىدا يۈكسەك بەدىئىي ئەسەرلەر يارىتىلغان. ھازىرچە بۇ دەۋر ھەر جەھەتتىن تەكشۈرۈلمىدى. يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئايازبەگ قوشچىنىڭ «جاھاننامە» داستانىنىڭ تېپىلىشى بىلەن بۇ دەۋردە چوڭ ئەدەبىياتنىڭ موجۇت ئېكەنلىكى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى. دېمەك، 16-ئەسىر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىغا ئېگە بولماقتا.

س. موللاۋدوۋ،
قازاقستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى.

ئۇسۇملۇكلەر دۇنياسىدا

ئەڭ چوڭ ياغاچ

يەر شارىدا ئۆسىدىغان ياغاچلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېگىزى 100 مېتىردىن ئاشىدىغان ئامېرىكان سېكۋوياسى دەپ كېلىنگەن ئىدى. يېقىندا ئافرىكىدا تېپىلغان زور بائوباب بۇ پىكىرنى يوققا چىقاردى. ئافرىكا بائوبابىنىڭ ئېگىزلىكى 189، دىامېترى 43،5 مېتىرگە تەڭ. بۇ بائوبابنىڭ ھولىغا ھازىرقى كۆپ قەۋەتلىك ئۆي جايلىشىپ كېتەر ئىدى.

تىكەن يوپۇرماقلىق «گېولوگلار»

ياغاچلارنىڭ كۆپلىگەن خىللىرىنىڭ يەر ئاستى بايلىقلارنى- مېتاللار بىلەن مېنىراللارنى «چارلاپ، ئېنىقلاش بىلەن» ئەسىرلەر بويى «شۇغۇللىنىپ» كېلىۋاتقانلىقىنى ئالىملىرىمىز موشۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىلىپ قالدى. مەسىلەن، قارىغاي ۋە چىرچا ئوخشاش ياغاچلارنىڭ ئۆسكەن جايلىرىنىڭ چوڭقۇر قەۋەتلىرىدە ئوتتۇزدىن ئوشۇق مېتاللار (ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇنمۇ بار) كانى بارلىقىدىن خەۋەر بېرىشكە قابىلىيەتلىك ئېكەنلىگە ئامېركان گېولوگلىرى، تولۇق ئىشەنچە باغلىدى.

قارىغاي، چىرچا يوپۇرماقلىرىغا خىمىيەۋىي ئۇسۇل بىلەن لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش ژۈرگۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇلاسىسى بويىچە شۇ ياغاچ ئۆسكەن يەرنىڭ ئېگىدە قانداق مېنىرال ياكى مېتالل بارلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. ئەگەر ياغاچ يوپۇرمىقىنىڭ تەركىۋىدىكى مېتاللارنىڭ بىرسىنىڭ مولوكۇلاسىنىڭ پروتسېنتى مولچەردىن ئېشىپ كەتسە شۇ يەردە ئېسىل غەزنە بارلىقىغا شۈبھە كەلتۈرمەسلىك لازىم.

ئارچىنىڭ كارامىتى

ئارچا ئۆسىدىغان جاينىڭ ھاۋاسى دايىم تازا بولىدۇ. يازنىڭ كۈنى بىر گېكتار يەردىكى ئارچا مىكروئورگانىزملارنى قىرىدىغان گاز- فىتونتسىدنىڭ 30 كىلوگرامىنى چىقىرىدۇ. فىتونتسىدنىڭ بۇ مولچەرى ئوتتۇرا ھال شەھەرنىڭ ھاۋاسىنى تازارتىشقا يېتىدۇ.

ئارچا فىتونتسىدنى باشقا تىكەن يوپۇرماقلىق ياغاچلاردىن ئالتە ھەسسە، ئالقان يوپۇرماقلىق ياغاچلاردىن ئون بەش ھەسسە كۆپ چىقىرىدۇ.

بىزنىڭ ئېلىمىزدا ئارچىنىڭ ژىگىرمىدەك خىلى ئۆسىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك مۇھاپىزەت قىلىشنى ھاجەتسىنمەكتە.

ئارچىنىڭ كۆپلىگەن خىللىرى ناھايىتى ئاستا ئۆسىدۇ. ئادەمنىڭ، مالنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالغان ئارچا ئۇرۇغىنىڭ ئۆسۈشى ئەلۋەتتە قىيىن بولىدۇ.

گۈرۈچ- پايدىلىق زىرائەت

گۈرۈچ ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچتىن بىر بۆلىگىنىڭ ئوزۇغى. ھەر بىر ئادەم ژىلىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 100 كىلوگرام گۈرۈچتىن ياسالغان تائامنى پايدىلىنىدىغان جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئازىيە ئەللىرىنىڭ خەلقى ئۈچۈن گۈرۈچنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئېكەنلىگىنى ئۇنىڭ «دىگانانگا» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئۆزى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. «دىگانانگا» دېگەن سۆز «ئادەم ئوزۇغىنىڭ ئاساسى» دېگەن مەنانى بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئازىيە ئاھالىسىمۇ گۈرۈچ ئۆستۈرۈشنى ئەزەلدىن كەسىپ قىلغان. 1955-ژىلى كونا مېرۋتىكى (تۈركمەنىستان) قېزىش ئىشلىرى جەرىيانىدا قورغاننى سۇ ئۇغان لايدىن گۈرۈچ ۋە باشقا زىرائەت دانلىرى چىققان.

تەھرىر ھەيئىتى

بىزنىڭ ئادرېس: 480100. س س س ر، ئالمۇتا شەھىرى، پرولېتار كوچىسى 80. تېلېفونلار: 55-19-61، 53-18-61، 13-02-61. ئىندېكس 72877
Бизниң адрес: 480100. СССР, Алма-Ата, ул. Пролетарская 80, Казахское общество «Отан» (Редакция газеты «Биздин Ватан»). Индекс 72877.